## 12646 ـ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېتىكاپ قىلسا توغرا بولامدۇ؟

### سۇئال

رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئېتىكاپ قىلىش دۇرۇس بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، يىلنىڭ قايسى ۋاقتىدا ئېتىكاپ قىلسا دۇرۇس بولاۋېرىدۇ. ئەمما ئەڭ ئەۋزەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولغان ساھابىلارغا ئەگىشىپ رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلسا ياخشى بولىدۇ.
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ئەسەرلەردە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى يىللاردا شەۋۋال ئېيىدا ئېتىكاپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.